www·islamyoli·net

# خالىد ئىبنى ۋەلىد

ئۇخلىمايدۇ، باشقىلارنىمۇ ئوخلاتمايدۇ.

ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى باشقىچە.
ئوھۇدتا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشتى... ئۆمرىنىڭ قالغان قىسمىدا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشقان بىر ئىنسان...!!
خالىسڭىز كېلىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى باشتىن باشلايلى...
لېكىن قايسى باشتىن...؟؟
ئۇ، ئۆزىمۇ ھاياتىنىڭ قايسى نۇقتىدىن باشلانغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىلىدىغىنى، خاتىرلەيدىغىنى پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا بەيئەت قىلىپ مۇسۇلمان بولغان كۈنى.
ئەگەر قولىدىن كەلسە ئۇ كۈندىن بۇرۇنقى قانچە يىللىق ھاياتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايتتى.
ئۇنداق بولسا بىزمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى چۈشەندۈرۈشكە ... قەلبى ئاللاھتىن قورۇش ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولۇپ كەتكەن، ھەق يولىدا شەھىد بولۇشقا ھازىرلانغان، ئىسلامغا تۇنجى قەدەم باسقان كۈندىن باشلايلى.
بىر كۈنى يالغۇز قالغان بىر ۋاقىتتا كۈندىن كۈنگە كۈچلىنىپ كېتىۋاتقان يېڭى دىن ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئاللاھتىن ئۆزىگە بىر يول كۆرسىتىشنى تىلىدى. قەلبىدە بىر ئىشەنچلىك تەسىر پەيدا بولدى ۋە مۇنداق دېدى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەمدى ھەقىقەتنى تاپتىم.... بۇ كىشى پەيغەمبەردۇر، قاچان؟ قانداق؟ بېرىپ مۇسۇلمان بولسام بولا؟ دېدى.
رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى، مەككىدىن مەدىنىگە مۇسۇلمانلار بىلەنكى سەپىرىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى.
«مەن بىلەن بىرگە يولغا چىقىدىغان بىر ھەمرا ئىزدىدىم. ئوسمان ئىبنى تەلھە بىلەن ئۇچراشتىم. ئەھۋالنى چۈشەندۈردۈم، ئۇمۇ مەن بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلدى. بىرلىكتە يولغا چىقتۇق. يولدا ئۆمەر ئىبنى ئاسقا ئۇچراشتۇق. ئۆمەر نەگە

كېتىۋاتىسلەر؟ دېدى. بىز ئۇنىڭغا مەقسىتىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بىزگە قوشۇلدى.
مەدىنىگە قەدەر بىرگە كەلدۇق. بۇ ھىجرىيەنىڭ 8 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى كۈنلىرى ئىدى.
رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بېرىپ سالام بەردىم، ئۇمۇ ماڭا سالام بەردى. شاھادەت كەلىمىسى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم. رەسۇلۇللاھ ماڭا: «مەن سېنى ياخشىلىققا ئېرىشىدىغان ئەقىللىق بىر كىشى دەپ بىلەتتىم» دېدى.
رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلدىم ۋە: ئۆتكەنكى گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت بولىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى تىلىدىم.
ئۇ ماڭا: ئىسلام بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، دېدى.
مەن: «شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلسىڭىز، دېدىم».
رەسۇلۇللاھ : «ئى ئاللاھ خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئۆتكەن گۇناھلىرىنى كەچۈرگەيسەن» دەپ دۇئا قىلدى.
«كېيىن نۆۋەت بىلەن ئۆمەر ئىبنى ئاس ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھە رەسۇلۇللاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، بەيئەت قىلىپ مۇسۇلمان بولدى».

...

ئاللاھنىڭ قىلىچى ۋە ئىسلام قەھرىمانى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن دۇئا تەلەپ قىلىشتىكى خۇسۇسىيەتكە قاراڭ. ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ قىممىتىنى ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش بىلەن تېخىمۇ ئوبدان چۈشەنگىلى بولىدۇ.
كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقىل ساھىبى بۇ ئىنسان دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىنى ئاتا - بوۋىلىرىنى، ئىلاھلىرىنى تاشلاپ ئۆزىنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھقا خىزمەت قىلىشقا ۋەخپە قىلغان.

...

موتئە سوقۇشىدىكى ئۈچ قەھرىماننى بىلەمسىز؟
ئۇلار زەيد ئىبنى ھارىسە، جەپەر ئىبنى ئەبى تالىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئىدى.
بۇ كىشىلەر شام دىيارىدىكى موتئە سوقۇشىنىڭ قەھرىمانلىرى ئىدى.
ئۇ 200 مىڭ كىشىلىك روم قوشۇنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي قىلغان غازىتى ئىدى.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ غازات ھەققىدە ساھابىلارغا دېگەن مەنىلىك سۆزلىرىنى بىلەمسىز؟

بايراقنى زەيد ئالدى، ئۇرۇش قىلدى ۋە شېھىد بولدى.

كېيىن جەپەر ئالدى، ئۇرۇشتى... ئۇمۇ شېھىد بولدى.

ئۇندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھ ئالدى ۋە شېھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇشتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ داۋامى بۇ يەرگە قەدەر كېچىكتۈرۈلگەن ئىدى.

داۋامى بو ئىدى.

«كېيىن قىلىچنى ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى ئالدى ۋە ئۇنىڭ قولى بىلەن ئاللاھ فەتھنى مۇيەسسەر قىلدى.»

بۇ قەھرىمان كىم ئىدى..؟؟

خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىدى، ئەلۋەتتە... موتئە ئۇرۇشىغا ئادەتتىكى بىر ئەسكەر بولۇپ قاتناشقان خالىد كېيىن ئىسلام قوشۇنلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن قوماندان بولدى.

موتئە ئۇرۇشىدا كېيىنكى قوماندان شېھىد بولغاندىن كېيىن بايراقنى سابىت ئىبنى ئەقرەم ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ سەپنى بوزۇپ ئالدىراپ خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئى ئەبۇ سولەيمان بايراقنى ئال دېدى.

يېڭى مۇسۇلمان بولغان خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار بولغان يەردە ئۆزىنى قوماندان بولۇشقا لايىق كۆرمەيتتى.

ھەقىقەتەن ئەدەپ، كەمتەرلىك، مەرىپەت ۋە باشقا خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

سابىت ئىبنى ئەقرەمگە جاۋابەن:

ياق، بايراقنى مەن ئالمايمەن، سەن بۇنىڭغا مەندىن ھەقلىق، چۈنكى سېنىڭ يېشىڭ چوڭ ھەمدە سەن بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان، دېدى.

سابىت: بايراقنى سەن ئال، سەن ئۇرۇشنى مەندىن ياخشى بىلىسەن، بايراقنى پەقەت ساڭا ئېلىپ كەلدىم، دېدى.

ئۇندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا خالىدنىڭ قوماندانلىقىغا رازى بولامسىلەر؟ دېدى.

مۇسۇلمانلار: رازى دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بايراق خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇمۇ مەيلى رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا مەيلى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەر قېتىم زەپەر قازىنىپ ئىسلامىيەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى.

خالىد ئىسلام قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئېغىر ئەھۋالدا ئىدى. روملار بولسا كىچىك باللارنىڭ پايدىسى بىلەن ئۇرۇش توختاتمىغانىدى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ غالىبنى مەغلۇپ، مەغلۇپنى غالىب قىلىدىغان بىر كۈچكە ئېھتىياج بار ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنى كۆپ ئىدى. يارىدار بولغانلارنىڭ سانى خېلى بار ئىدى. ساق قالغانلار بولسا بەك ئاز ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلالىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەمما جەسۇر قەلبىنىڭ قىلالمايدىغان ئىشى يوق ئىدى. خالىددىنمۇ جەسۇر ئۇنىڭدىنمۇ غەيرەتلىك كىم بار ئىدى؟؟؟!

مۇشۇنداق پايدىسىز بىر ۋەزىيەتتە، خالىد ئىبنى ۋەلىد ھۇشىنى يىغىپ، ئۇرۇش مەيداننى لاچىندەك كۆزىتىپ چىقتى. بىر پىلان ئويلاپ زېھنىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئەملىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە كىرىشتى. ئۇرۇشۋاتقان ئەسكەرلەرنى گۇرۇپپىلارغا بۆلدى. ھەر بىر گۇرۇپپىقا بىردىن ۋەزىپە تاپشۇردى. كېيىن دۈشمەن سېپىنى بۇزۇپ كەڭ بىر مەيدان ئاچتى. بۇ مەيداندىن پۈتۈن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر سالامەت ئۆتۈپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مۇسۇلمان قوشۇنلار ئۇنىڭ دانا پىلانى بىلەن قوتۇلۇپ قالدى..!!

خالىد ئىبنى ۋەلىدقا بۇ ئۇرۇشتىكى غەلىبىگە رەسۇلۇللاھ مەزكۇر سەيفۇللاھ (ئاللاھنىڭ قىلىچى) دېگەن ئۇلۇغ ئۇنۋاننى ئىنئام قىلغانىدى.

...

قۇرەيشلىقلار رەسۇلۇللاھ بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىنى بوزغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ قوماندانلىقىدا مەككىنى فەتھى قىلىشقا ئاتلاندى.

رەسۇلۇللاھ قوشۇنىنىڭ ئوڭ تەرەپىگە خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندان قىلدى. ئۇزۇن زامان بۇتقا چوقۇنغانلارغا مۇشرىكلارغا قوماندان بولغان خالىد، ئەمدى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پەردى ۋە بىر ئىسلام قوماندانى بولۇپ، دادىل قەدەم بىلەن مەككىگە كىتىپ باراتتى.

خالىدنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنقى كۈنلىرى، ئاجىز بۇتلارغا قۇربانلىق قىلغان كۈنلىرى، ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەن كۈنلىرى...

مەككىگە كىرىۋېتىپ بۆلارنى ئويلاپ قالدى. بۆلاردىن قانداق قۇتۇلغانىدى. قايسى مۆجىزە بىلەن مۇسۇلمان بولغانىدى؟

پۈتۈن بۇلارنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن ئىدى...؟

بۇنىڭ بىر يولى بار ئىدى. ئۇ بولسا مۆمىنلەر مەككىگە كىرىۋاتقاندا تەكبىر، تەھلىل ئېيتىپ تەكرارلاۋاتقان ئاللاھنىڭ ۋەدىسى... ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ...!!

خالىد بېشىنى ئۆستۈن كۆتۈردى. ئۇيۇقلارنى توشقۇزۇۋاتقان ئالامەتلەرگە خوشاللىق بىلەن قارايتتى. ئۆز ـ ئۆزىگە: بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئىدى ۋە ئاللاھ ۋەدىسىدىن يانمايتتى.

كېيىن ئۆزىنى ھىدايەتكە باشلىغان ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتتى، مەككىگە، مۇشرىكلارغا ئىسلامنى ئېلىپ كەلگەنلەردىن بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرە ئېيتتى.

...

خالىد ئىبنى ۋەلىد دىنغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا ھازىر تۇراتتى. ھاياتىنى بۇ يولغا ۋەخپە قىلغانىدى.

بۇ خىزمەتنى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدا داۋاملاشتۇردى.

ئىسلامدىن يېنىۋېلىش ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشقا بىرىنچى قەدەم باسقان كىشىلەر ئەبۇ سوفيان، سەيفۇللاھ ـــ خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىدى.

ئەبۇ بەكرى مۇرتەدلەرگە قارشى تۇنجى ئۇرۇشنى شەخسەن ئۆزى ئىدارە قىلىۋاتقان بىر قوشۇن بىلەن بىر تەرەپ قىلغانىدى. خالىدنى بولسا ھەل قىلغۇچى ئۇرۇش ئۈچۈن زاپاس قويغانىدى.

...

مۇرتەدلىك (ئىسلامدىن يېنىۋېلىش) ھەرىكىتىنى باشلىغاندا ئەبۇ بەكرى ئۆزىنىڭ قوشۇنى بىلەن بۇلارغا قارشى تۇرماقچى بولدى. بۈيۈك ساھابىلەردىن بەزىلىرى بۇنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئورنىغا باشقا بىر قوماندان تەيىن قىلىشنى ئۈمىد قىلىشتى. ئەمما ئەبۇ بەكرى ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىۋالدى. ئۇ شەخسەن ئۆزى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ۋەقەنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ مۇسۇلمانلارنى مۇرتەدلىك ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇشقا ھەرىكەتلەندۈرمەكچى ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇرتەد بولغانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، مۇسۇلمانلارغا مەنىۋى كۈچ بېغىشلىماقچى ئىدى ۋە بۇنىڭ بىلەن مۇنداق ھەرىكەتنىڭ ئالدىنى ئالماقچى ئىدى.

مۇرتەدلىك ھەرىكىتى كۆرۈنۈشتە زىيىنى ئاز ھەرىكەتتەك كۆرۈنسىمۇ بۇنىڭ ئىسلامغا بولغان زىيىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە خەتەرلىك ھەرىكەت ئىدى.

ئىسلامنىڭ كۈچلىنىشىنى خالىمايدىغان (ئەرەب ۋە غەيرى ئەرەپ) ئۇنسۇرلىرى بۇ پىتنە خورلۇق ھەرىكىتىگە كۈشكۈرتەتتى.

بۇ ھەرىكەت ئەسەد، غەتفان، ئەبس، تەي ۋە زىبيان قەبىلىلىرى ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

كېيىن بۇ ھەرىكەت بەنى ئامىر، ھاۋازىن، سەلىم ۋە بەنى تەمىم قەبىلىلىرى ئىچىدە پەيدا بولدى.

كىچىك دائىرىدە باشلانغان جىدەل كېيىنچە ئەسكەرلىرى ئونمىڭلارغا يەتكەن چوڭ ئۇرۇشقا ئايلاندى.

بۇ ھەرىكەتكە بەھرەين، ئوممان خەلقىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ئۇرۇش تېخىمۇ كۈچەيدى. مۇسۇلمانلار ئوت ئىچىدە قالدى. ئەمما ئەبۇبەكرى بار ئىدى.

ئەبۇبەكرى مۇسۇلمانلارنى توپلىدى. ئۆزى باش بولۇپ ئىسيانچى قەبىلىلەرنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ ئۇزۇن ئۇرۇشتىن كېيىن، بۇ ئىسياننى باستۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۇردى.

بۇ تۇنجى زەپەردىن كېيىن قوشۇن مەدىنىدە دەم ئالمىدى.

باشقا ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى.

مۇرتەدلىك ھەرىكىتى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىككىنچى قېتىم قوشۇننى بۇ ئىسيانغا قارشى تۇرغۇزماقچى بولدى. ساھابىلار بۇنىڭغا قارشى چىقتى. خەلىپىنىڭ مەدىنىدە قېلىشىنى خالايتتى. ئىمام ئەلى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېتىنىڭ يالىنىغا ئېسىلىپ مۇنداق دېدى:

«نەگە ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى...؟؟

ساڭا رەسۇلۇللاھ ئوھۇدتا دېگىنىنى دەيمەن:

«قىلىچىڭنى يىغ ئى ئەبۇ بەكرى، ئۆزەڭنى ھالاكەتكە ئېتىپ بىزنى پەرىشان قىلما...»

نەتىجىدە ئەبۇ بەكرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق پىكرى بىلەن مەدىنىدە قېلىشقا رازى بولدى. قوشۇننى ئون بىر قىسىمغا ئايرىدى...

ھەر گۇرۇپقا بىردىن قوماندان تەيىن قىلدى. خەلىپە ھەر گۇرۇپقا بايراقنى بەرگەندىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلۇلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:«خالىد ئىبنى ۋەلىد نېمە دېگەن ياخشى ئىنسان، نېمە دېگەن ياخشى قېرىنداشتۇر... ئۇ ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى قىلىچدۇر... ئۇ ئاللاھنىڭ كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا سوغارغان بىر قىلىچدۇر.»

...

خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە ئۇرۇشتىن ـ ئۇرۇشقا، زەپەردىن ـ زەپەرگە ئۆتۈپ ھەل قىلغۇچ مەيدانغا كەلدى.

...

مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مۇرتەدلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان «يەمامە»، بەنى ھەلىپە ۋە باشقا قەبىلىلەردىن تەشكىللەنگەن موسەيلەمەتول كەززاب قوماندانلىق قىلغان كۈچلۈك بىر قوشۇن بار ئىدى.

بۇرۇن موسەيلەمەگە قارشى قوشۇن ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان ئىدى. كېيىن خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى موسەيلەمەگە قارشى خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.

موسەيلەمە خالىدنىڭ يولغا چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىنلا ئۇرۇش ئۈچۈن لازىملىق ھازىرلىقلارنى قىلدى....

ئىككى قوشۇن ئۇچراشتى...

تارىخ ۋە تەرجىمھال كىتابلىرىغا نەزەر سالغانلار بۇ ئۇرۇشنىڭ قايسى دەرىجىدە قاتتىق ۋە قورقۇنچلۇق بىر ئۇرۇش مەيدانى بولغانلىقىنى ئاسان بىلەلەيدۇ.

بىر تەرەپتە ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن بىلەن موسەيلەمە... يەنە بىر تەرەپتە ئاللاھنىڭ قىلىچى خالىدنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئىسلام ئەسكەرلىرى...

خالىد بايراقنى ئەسكەر قوماندانلىقىغا تاپشۇردى. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتتى. قورقۇنچلۇق بىر ئۇرۇش باشلاندى. مۇسۇلمانلاردىن بىر قىسمى بوراندا تۆكۈلۈپ كەتكەن چېچەكلەرگە ئوخشاش شەھىد بولدى..!!

خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەتراپقا شۇنداق بىر قارىدى... بىر ئاز ئويلاندى... شۇنداقلا دۈشمەننىڭ ئاجىزلىق تەرىپىنى بىلىۋالدى...

موسەيلەمە قوشۇنىنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئولىيەتچانلىق تويغۇسىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى مۇستەھكەملەشتۈرىدىغان ھەممىنى قوماندانغا بويسۇندىغان بىر چارە ئىزدىدى... ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ مۇنداق دېدى:

«ئايرىم تۇرۇڭلار، ھەر بىر قەبىلىنىڭ غەيرىتىنى كۆرەيلى»

«بۇنىڭ بىلەن مۇھاجىرلار ئۆز بايرىقى ئاستىغا، ئەنسارلار ئۆز بايرىقى ئاستىغا توپلاندى... ھەر بىر قەبىلە ئۆز بايرىقى ئاستىغا توپلاندى»

بۇنىڭ بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىش مۇمكىن ئىدى... نەتىجىدە غەيرەت تويغۇسى ئاشتى... قوشۇنغا يېڭىدىن

ئشەنچ ۋە جاسارەت پەيدا بولدى... خالىد بولسا بىردەم ئۇ تەرەپكە بىردەم بۇ تەرەپكە بىرىپ تەھلىل ۋە تەكبىر ئېيتىپ قوشۇننى روھلاندۇرۇشقا تىرىشتاتتى...
بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى تەرەپكە يۈزلەندى... موسەيلەمەنىڭ قوشۇنلىرى تارقىلىپ كەتتى. بىردىن، ئىككىندىن يىقىلغىلى تۇردى. مىڭلارچە لەشكەر ئۆلدى.
خالىد ئۆزىدىكى غەيرەت تويغۇسىنى بىر توك ئېقىمىغا ئوخشاش ئەسكەرلەرگە ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى...
بۇ بولسا ئۇنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىدىغان باشقا بىر ھادىسە ئىدى.
مۇرتەدلىك ھەرىكىتىنىڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ شىددەتلىك بولغىنى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى... يالغانچىلىقنىڭ بايراقدارى موسەيلەمەتۇلكەززاب ئۆلتۈرۈلدى... ئەسكەرلىرىدىن كۆپ بىر قىسمى ئۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.
....
خەلىپە، مەدىنىدە ئىسلامغا بۈيۈك بىر زەپەر ۋە قەھرىمان بەخش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتتى ۋە شۈكۈر نامىزى ئوقۇدى.
ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئەقلى ۋە يىراقنى كۆرۈش قابىلىيىتى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ھودۇدى ئىچىدە پىتنە - پاساتنىڭ يوق بولغانلىقىنى پەقەت ئىسلام ئۈچۈن ئىككى چوڭ پىتنە قالغانلىقىنى بىلگەنىدى....
بۇلار بولسا، ئىراقتا فارىسلار، شامدا روملار ئىدى...
بۇ ھەر ئىككى ئىمپېراتورلۇقتا، يېڭى دىنىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن مۇسۇلمانلارغا قارشى كامپا ھازىرلىغانىدى... مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىت كۆتۈۋاتاتتى.
بۇنىڭغا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىر مەكتۇب يېزىپ خالىدنى ئەسكەرلىرى بىلەن ئىراققا بېرىشقا ئەمر قىلدى.
خالىد قوشۇنى بىلەن ئىراققا يۈرۈپ كەتتى.... ئۇرۇشتىن بۇرۇن كىسرانىڭ ۋالىلىرىغا خەت يېزىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى:

بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

خالىد ئىبنى ۋەلىددىن فارس ئەمەلدارلىرىغا....
سالام ھەققە ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن....

پۇتلىرىڭىزنى تايدۇرۇپ، مۈلكىڭىزنى تارتىۋالغان، توزاقلىرىڭىزنى زەئىپلاتقان ئاللاھ ھەمدۇ...

بىزگە ئوخشاش ناماز ئوقۇغان قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرگەن، بىزنىڭ ئۆلتۈرگەن گۆشلىرىمىزنى يېگەن كىشى مۇسۇلماندۇر. بىز ئىگە بولغان ھەققە ئىگە بولىدۇ...

خېتىمنى ئالغاندىن كېيىن تەسلىم بولۇپ ماڭا بويسۇنۇڭ...

ئەگەر ئۇنى خالىمىسىڭىز، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سىز ھاياتنى دۇست تۇتقاندەك، ئۆلۈمنى دۇست تۇتىدىغان قەۋمنى سىزگە ئەۋەتىمەن»!!!

قارشى تەرەپتىن بىر جاۋاب كەلمىگەندىن كېيىن خالىد ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن، باتىلنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى.

ئانچە قارشىلىققا ئۇچرىماستىن، ئاجىزلارنى، قۇللارنى ئىسلام بايرىقى ئاستىغا ئېلىپ يولنى داۋاملاشتۇردى. قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە: «خەلق بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئۇلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىۋەرسۇن، پەقەت قارشى چىقىپ ئۇرۇشقانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار....» دېدى.

غالىب قوشۇنلىرى بىلەن شام چېگرىسىغا قەدەر كەلدى... ئۇ يەر مۇئەززىنلەرنىڭ ئەزان، پاتىھلەرنىڭ تەكبىرلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. شامدىكى روملار بۇ تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلىدىمۇ؟

شۇنداق ئاڭلىدى... قورقۇنچىغا چۈشتى. ئۆز ئىچىدە مەجنۇنلاردەك ھالاك بولىدىغان ئۈمىدسىز ئۇرۇشقا كىرىپ كەتتى.

ئىراقتا فارىسلار بىلەنكى مۇسۇلمانلارنىڭ زەپىرى، بىر مەنىدە شامدا روملارغا قارشى غەلىبىنىڭ بىشارىتىدەك كۆرۈنەتتى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قوشۇننى توپلىدى. قوماندانلىققا نۆۋەت بويىچە ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئۆمەر ئىبنى ئاس، يەزىد ئىبنى ئەبۇ سوپيان، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سوپيانلارنى تەيىنلىدى.

روم ئىمپېراتورى، بۇ قوشۇنلارنىڭ ئۆز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىش بىلەن قوماندان ۋە ۋەزىرلىرىنى يىغىپ ئۇرۇشماي سۈلھى قىلىش تەكلىپىنى قويدى...

ئەمما قوماندان ۋە ۋەزىرلەر ئۇرۇشۇش پىكرىدە چىڭ تۇردى ۋە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەبۇ بەكرىنىڭ زېمىنلىرىمىزنى ئىشغال قىلىشىغا يول قويمايمىز، دېدى.

240 مىڭ قوشۇن بىلەن ئۇرۇشقا تەييارلاندى...

روملارنىڭ بۇ ھەرىكىتى خەلىپىگە خەۋەر بېرىلگەندە، ئەبۇ بەكرى مۇنداق دېدى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنىسىز ۋەسۋەسەلىرىنى خالىد بىلەن بىر تەرەپ قىلىمەن...

خەلىپە بۇنداق ئىسيان ۋە شىرىك مەرەزلىرىنىڭ داۋاسى بولغان خالىدقا خەۋەر بېرىپ شام تەرەپكە كېتىۋاتقان ئىسلام قوشۇنىنىڭ بېشىغا كېلىشنى ئۇختۇردى...

بۇ ئەمرگە بىنائەن خالىد ئىراقتا مۇسەننى ئىبنى ھارىسەنى قويۇپ، ئەسكەرلىرى بىلەن شام تەرەپكە يولغا چىقتى. شامغا كېلىش بىلەن قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەيداننى كۆزىتىش ھەمدە ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۆز تالانتىنى كۆرسەتتى. ئۇندىن كېيىن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

«بۇ كۈن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ كۈنلىرىدىن بىر كۈندۇر، بۇ كۈندە پەخىرلىنىش ۋە ئازغۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ...

ئىخلاس بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەمىلىڭلار بىلەن ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇڭلار، كېلىڭلار قوماندانلىقنى نۆۋەت بىلەن قىلايلى، بۇ كۈن بىرىمىز، ئەتە يەنە بىرىمىز، ئۆگۈن يەنە بىرىسىمىز قوشۇنغا قوماندانلىق قىلايلى، بۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز قوماندان بولغان بولىمىز»...

بۇ ئاللاھنىڭ كۈنلىرىدىن بىرى كۈندۇر...
نېمدېگەن قەھرىمانلىق بىلەن باشلانغان...!!
پەخىرلىنىشقا، ئازغۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ...
نېمدېگەن جوشقۇنلۇق، نېمدېگەن ئىخلاس!!

ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلايدىغان بۈيۈك قومانداق بۇنى ئۇبدان بىلەتتى. خەلىپە ئۇنى باشقا قوماندانلاردىنمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندان قىلغاندا ئۇ قوشۇن ئىچىدە قارشىلىق بولمىسۇن دەپ، باشقا قوماندانلار قوماندانلىقتىن چۈشۈرۈلمىسۇن دەپ ئۆزى ئالدىنقى قاتاردا تۇرماي، كەمتەرلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ نۆۋەت بىلەن قوماندان بولۇش كۆز قارشىنى ئىلگىرى سۈرىدى.

بۈگۈن بىر قۇماندان... ئەتە ئىككىنچى بىر قوماندان... باشقا كۈن يەنە باشقا بىر قوماندان... مۇشۇنداق داۋام قىلاتتى.

روم قوشۇنلىرى ھازىرلىق ۋە سان جەھەتتە قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى..

روملار مۇسۇلمانلارنىڭ بارغانسېرى كۈچلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋاتاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا بىر زەربە بېرىپ ئىككىنچى ئورنىدىن قوپالماس ھالەتكە كەلتۈرمەكچى ئىدى. ھازىرلىقلىرىنىمۇ بۇنىڭغا كۆرە قىلغانىدى.

روملارنىڭ بۇنداق ھالىتى مۇسۇلمانلارنى بىر ئاز تەمتىرەتكەنىدى.

ئەمما ئۇلاردىكى ئىمان كۈچى بۇنداق قورقۇنچلۇق كۈچلەرگە تاقابىل تۇرالايتتى. يۈرەكلىرىدىكى ئىمان ئاتەشى لاۋۇلدىغان مۇددەتچە هايات بويى هېچقاندا بىر كۈچ ئۇلارنى يېڭەلمەيتتى.

روملارنىڭ شۇنداق لەشكەرلىرىدىن، هەزرىتى ئەبۇ بەكرى راست خەۋەر بەرگۈچى بولۇپ:

«ئۇلارغا خالىد بار» دېدى!!!

يەنە مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنسىز ۋەسۋەسەلىرىنى خالىد بىلەن بىر تەرەپ قىلىمەن.»

ئۇنداق بولسا روملار قانداق كەلسە كېلىۋەرسۇن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنىڭ پەرقى يوقتۇر.

خالىد قوشۇننى گۇرۇپپىلارغا ئايرىدى. هەر بىر گۇرۇپقا نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇرۇش ئۈچۈن ئايرىم بىر پىلان تۈزدى. ئۇ پىلان ئىراقتا فارسلار بىلەنكى ئۇرۇش پىلانىغا ئوخشايتتى.

ئەجەپلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، ئۇرۇش ئەينەن خالىد پىلانلىغىنىدەك بىردىن - بىردىن، سەپ - سەپ بولدى. هەتتاكى كىمنىڭ ئۇرۇشتا قانچە قىلىچ ئۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسا ئۇمۇ ئۆز ئەينى كۆرۈنىشى مۇمكىن ئىدى...!!!

ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ هەممىسى توغرا چىققانىدى..

بۇ ئۇنىڭ نەقەدەر ئۇستا مەرگەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ...

ئۇرۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن قوشۇننى ۋە ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. روم ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچىگە قاراپ ئەسكەرلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ يېڭى مۇسۇلمان بولغانلار ئىچىدە بىر ئاز قورقۇنچ ۋە چىكىنىش كەيپىياتىنىڭ بار يوقلىقىنى كونترول قىلغانىدى. چۈنكى خالىد ئۈچۈن غەلىبىنىڭ پەقەت بىر يولى بار ئىدى. ئۇ بولسا «سۇبات» ئىدى. ئەسكەرلەر ئىچىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان بىر - ئىككى قېچىش هەرىكىتىنىڭ قوشۇنغا كۆپ تەسىر قىلىدىغانلىقىنى غايەت ئوبدان بىلەتتى...

بۇ يۈز دىن ئەسكەرنىڭ سوباتىغا كۆپ ئەهمىيەت بېرەتتى. قوراللىرىنى تاشلاپ قاچقانلارغا قاتتىق ئەدەپ بېرەتتى.

يەرمۇكتا قوشۇننى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشقان مۆمىن ئاياللارغا قوشۇننىڭ ئارقىسىدا سەپ تۈزۈشنى بويرۇپ ئۇلارغا:

«قېچىشقا ئۇرۇنغانلارنى ئۆلتۈرۈڭ» دېگەنىدى.

مۆمىن ئاياللارمۇ ئۇ كۈنى ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنلىغانىدى...!!

ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا رۇم قوماندانى خالىدنىڭ ئالدىغا چىقىشنى ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە ئېغىز سۆزلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

خالىد بولسا ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەردىن بىر ئاز ئالدىغا چىقتى...

رۇم قوماندانى «هامان» خالىدقا مۇنداق دېدى:

«بىز بىلىمىزكى، سىزنى دىيارىڭىزدىن چىقىرىپ بۇ يەرلەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسە ئاچلىق ۋە پېقىرلىقتۇر...

ئەگەر خالىسىڭىز ھەر بىرىڭىزگە ئوندىن دىنار، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىرەي قايتىپ كېتىڭ، كېلەر يىلى يەنە ئوخشاش پۇل كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ئەۋەتەي»!

بۇ بىمەنە سۆزلەرگە خالىد مۇۋاپىق بىر جاۋاب بەرمەكچى بولۇپ:

«شۇنى بىلىڭكى بىزنى يۇرتىمىزدىن چىقىرىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن نەرسە سىز دېگەندەك ئاچلىق ۋە پېقىرلىق ئەمەستۇر، ئەكسىچە بىز قان ئىچەر بىر قەۋم بولۇپ، روملارنىڭ قېنىدىن لەززەتلىك قان يوق دەپ ئاڭلىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلدۇق»!!! دېدى.

كېيىن قوشۇننىڭ بېشىغا كېلىپ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇرۇشنى ئېلان قىلدى...

«ئاللاھۇ ئەكبەر»

«جەننەت شامىلى تەرەپكە ئالغا!»

مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئۇرۇش باشلاندى.

روملار تاغدەك ئەسكەرلىرى بىلەن قارشىلىققا ئۆتتى.

مۇسۇلمانلار ئۇلار ئويلىغىنىدىن باشقىچە كۆرۈنەتتى... مۆمىنلەر ئۇ كۈنى سۇبات ۋە ئىرادىسى بىلەن كۈرەشتە ئورنەك بولغانىدى. ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە مۆمىنلەردىن بىرسى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن شەھىد بولۇشقا بەل باغلىدىم، رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزىدىغان بىر ھاجىتىڭ بولسا دېگىن، رەسۇلۇللاھ بىلەن كۆرۈشكەندە يەتكۈزىمەن» دېدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە مۇنداق جاۋاب بەردى:

«بار... رەسۇلۇللاھقا: ئى رەسۇلۇللاھ بىزلەرگە رەببىمىزنىڭ بىزگە ۋەدە قىلغان شەيئىنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى كۆردۇق دېگىن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇقتەك بېرىپ ئۇرۇش مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتتى. بىردەمدىن كېيىن، قىلىچ ۋە نەيزە ئاستىدا شەھىد بولدى...!!

بۇ ئىكرىمە ئىبنى ئەبى جەھلى.

شۇنداق ئەبى جەھلىنىڭ ئوغلى....

روملارنىڭ ھۇجۇملىرىنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان، ئۇرۇش قىزىپ كەتكەن بىر مەزگىلدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ماڭا ھىدايەت ئاتا قىلىشتىن بۇرۇن رەسۇلۇللاھ بىلەن قانچە قېتىم ئۇرۇشتۇم. بۈگۈن ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدىن قورقۇپ قاچىمەنمۇ»؟؟

ئۇندىن كېيىن مۇنداق نىدا قىلدى:

«كىم ئۆلۈشكە بەيئەت قىلىدۇ؟»

پەقەت مۇسۇلمانلار ئۆلۈشكە بەيئەت قىلاتتى. پەقەت مۆمىنلەر ئۆلۈشكە كېتىپ باراتتى. بۇ ئۇرۇشتا مۆمىنلەر غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەتلا شەھىد بولۇش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قوبۇل قىلىپ شەھىدلىق دەرىجىسىنى ئىنئام قىلاتتى.

يارىدار بولۇپ، ئاچلىق ۋە تەشنالىقتا دۇچار بولغانلار بولسا، ئۇلاردىن بىرسىگە بىر يوتۇم سۇ بېرىلسە ئۇ ئۆزى ئىچمەيتتى.

يېنىدىكى قېرىندىشىغا بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭغا بېرىلسە ئۇمۇ يېنىدىكى باشقا بىر قېرىندىشىغا بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇ ئارىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مۇسۇلمانلاردىن ھەر بىرى قېرىندىشىنى ئۆزىدىن مۇھىم كۆرەتتى.

ئەنە شۇنداق... بەلكى بىر بۆلۈكى سۇسىزلىقتىن ئۆلۈپ كېتەتتى.

ئەمما باشقا بىر قېرىندىشىنى ياشىتىش بەدىلىگە ئۆزى ئۆلۈپ كېتەتتى.

شۇنداق...

«يەرمۇك» تەگدىشى كۆرۈلمىگەن پىداكارلىقنىڭ نەمۇنىسى بولغان بىر ئۇرۇش ئىدى.

بۇ بۈيۈك ئۇرۇشنىڭ ئىبرەت لەۋھەسىدىن بىرسى بولسا، خالىد ئىبنى ۋەلىد يېنىدىكى يۈز كىشى بىلەن بىرگە 40 مىڭغا يېقىن روم ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ ۋاقىتدا خالىد يېنىدىكى يۈز كىشىگە مۇنداق دېگەنىدى:

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى روملاردا سەۋر ۋە جاسارەت قالمىدى. ئۇنى سىلەرمۇ كۆرۈۋاتىسلەر. ئۈمىد قىلىمەنكى ئاللاھ بىزگە غەلىبە نىسىپ قىلىدۇ.

يۈز كىشى... 40 مىڭ كىشىنىڭ ئۈستىگە كېلىدۇ... يەنە غەلىبە قىلىدۇ..!!

لېكىن بۇنىڭغا ھەيران قېلىش يوق؟؟

ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھقا ئىمان بىلەن تولۇپ كەتمىگەنمۇ..؟؟

ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ئەمەسمىدى؟؟

قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن ئەمەسمىدى. قازا ۋە قەدەر بولسا ھاياتتىكى ياخشىلىق ۋە ھىدايەت مەسىلىسى ئىدى؟

خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ئەمەسمىدى؟ شۇ ئىسلام بايرىقىنى (يېڭى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى مەدىنە شەھىرىدە) ئېگىز كۆتۈرگەن خەلىپە بولسىمۇ يېتىملەر ئۈچۈن سۈت ساغقان خەلىپە ئىدى.

قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەمەسمىدى؟ ئاللاھنىڭ قىلىچى، ئاجىزلارنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، زالىملارنى قورقۇتقۇچى خالىد ئىبنى ۋەلىد؟؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇنداق بولسا غەلىبە تەرەپكە ئالغا...

كۈچ ـ قۇۋۋەت، ئىززەت، غەلىبە، غەزەپ تەرەپكە ئالغا...

...

بىر قېتىملىق دەم ئېلىش ۋاقتىدا رىم قوماندانلىرىدىن «جۇرجە» ئىسىملىك بىرسى خالىدنى ئالدىغا چاقىردى.

خالىد كەلگەندىن كېيىن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇشتى.

رىم قوماندانى خالىدقا: ئى خالىد...

سەندىن بىر نەرسە سورايمەن، راست سۆزلە ئۇرۇشتا يالغانچىلىق بولمايدۇ...

ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئاسماندىن بىر قىلىچ چۈشۈردىمۇ؟ ئۇنى ساڭا بەردىمۇ، سەن ئۇ قىلىچ بىلەن ئالدىڭغا كەلگەننى مەغلۇپ قىلامسەن؟

«خالىد ياق» دېدى.

ئۇ ئادەم:

«ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن سېنى ئاللاھنىڭ قىلىچى دەيدۇ» دېدى.

خالىد:

ئاللاھ تائالا ئىچىمىزدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. بەزىمىز ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۇق، بەزىمىز ئۇنى يالغانچى دېدۇق... مەنمۇ ئاللاھ تائالا مېنى ھىدايەت قىلغانغا قەدەر يالغانچى دېگەنلەردىن ئىدىم. ئاللاھ تائالا مېنى ھىدايەتكە باشلىدى. مەنمۇ بەيئەت قىلدىم.

رەسۇلۇللاھ مېنى چاقىردى ۋە ماڭا: «سەن ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچسەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ قىلىچى دەپ ئاتالدىم.

روم قوماندانى نېمىگە دەۋەت قىلىسىلەر....؟ دېدى.
خالىد: «ئاللاھنى بىر دەپ بىلىشكە ۋە ئىسلامغا چاقىرىمىز» دېدى.
روم قوماندانى:
بۈگۈن مۇسۇلمان بولغان بىر كىشى ئوخشاشلا سىز ئېرىشكەن ئەجىر ۋە ساۋابقا ئېرىشەلەمدۇ، دېدى.
خالىد: «شۇنداق، بەلكى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل بولىدۇ»، دېدى.
روم قاندانى: «نېمە ئۈچۈن، سىز ئۇلاردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولىسىڭىز دېدى»؟؟
خالىد:
«بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن ياشىدۇق، ئۇنىڭ مۆجىزە ۋە پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىنى كۆردۇق، شۇنىڭدەك بىز كۆرگەننى كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمىزنى ئاڭلىغان بىر كىشىنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئاساندۇر...
ئەمما بىزدىن كېيىن ئىمان ئېيتماقچى بولغان سىزلەر، ئۇنى كۆرمىدىڭىز، سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭىز، سىزنىڭ بۇنداق ئىمان ئېيتىشىڭىز غەيىپكە ئىمان ئېيتقانلىق بولۇپ، ئەگەر چىن دىلىدىن بۇ ئىمانغا ئېرىشەلىسىڭىز بۇ تېخىمۇ قىممەتلىك، تېخىمۇ ئەۋزەل ئىمان بولىدۇ»
روم قۇماندانى ئۈنلۈك توۋلاپ، ئېتىنى ھەيدەپ خالىدنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى ۋە:
«ئى خالىد ماڭا ئىسلامنى ئۆگەت» دېدى.
مۇسۇلمان بولدى... ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقىدى. ئۇندىن باشقا ناماز ئوقۇيالمىدى... ئىككى تەرەپ ئورۇشۇۋاتاتتى. روملۇق جۇرجە (قوماندان) مۇسۇلمانلار سېپىدە شەھىد بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ ئۇرۇشتى ۋە شەھىدلىق دەرىجىسىگە نائىل بولۇپ غەلىبە قىلدى...!!!
ئۇرۇش تازا قىزىۋاتقان مۇسۇلمانلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوماندانلىقىدا غەلىبە سىرى ئىلگىرىلەۋاتقان بىر پەيتتە مەدىنىدىن كەلگەن بىر پۇچتىكەش خالىد ئىبنى ۋەلىدقا يېڭى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مەكتۇبىنى يەتكۈزدى. مەكتۇپتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاپات خەۋىرى يېزىلغانىدى. ئۇندىن باشقا خالىدنىڭ قوماندانلىقتىن ئېلىنىپ ئورنىغا ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ بەلگىلەنگەنلىكى ئۇقتۇرۇلغانىدى. خالىد مەكتۇبنى ئوقىدى. ئەبۇ بەكرىگە ئاللاھ رەھمەت ۋە ھەزرىتى ئۆمەرگە غەلىبە تىلىگەندىن كېيىن، ئەلچىگە بۇ خەۋەرنى مەخپى تۇتۇشنى ئۇرۇش ئاياغلاشقانغا قەدەر بىر كىشىگە ئېيتماسلىقنى تاپىلىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ

غەلىبە قىلغۇاتقان بىر مەزگىلدە بۇ خەۋەر ئىسلام قوشۇنلىرى ئىچىدە قالايمىقانچىلىق چىقىشقا سەۋەب بولىشى مۇمكىن ئىدى.

ئاخىرى غەلىبە سائىتى چېلىندى. روملار مەغلۇپ بولدى.

قەھرىمان خالىد ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەسكەرلەر قوماندانىغا سالام بەرگەندەك سالام بەردى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئەۋۋەل بۇنى بىر چاقچاق گۇمان قىلدى. ئۇندىن كېيىن ھەقىقەتنى بىلىپ خالىدنىڭ كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇنى تەبرىكلىدى...

بۇ ۋەقە توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ باشقا بىر رىۋايىتى بولۇپ مۇنداق دېيىلىدۇ: خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر مەكتۇپنى ئەبۇ ئۇبەيدىگە ئەۋەتىدۇ. ئەبۇ ئۇبەيدە بۇ خەۋەرنى ئۇرۇش ئاخىرلاشقانغا قەدەر يوشۇردى، ۋەقە قانداق بولسا بولسۇن ھەر ئىككى ھالەتنىڭ خالىدنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى مۇھىم بولۇپ، بۇ تەقدىرلەشكە لايىقتۇر.

خالىد ھاياتىدا ئۇنىڭ ئىخلاس، سەمىمىيەت ۋە دۇرۇسلىقىنى كۆرستىدىغان بۇندىن تېخىمۇ گۈزەل ۋەقە يوقتۇر.

قۇماندان بولۇش ياكى ئەسكەر بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇخشاشتۇر...

ئەسلى مەقسەت ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغاندەك خىزمەت قىلىش بولۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ جان بىلەن، ئەقىل بىلەن ئورۇنلىنىشى ئىدى.

مەيلى خالىد، مەيلى مۇسۇلمانلاردىكى بۇ خىزمەت جەريانىدا ئۈممەتنىڭ بېشى ۋە يېتەكچىسى بولغان خەلىپەلەرنىڭ رولى چوڭ ئىدى...

ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر...

ئىككى ئىسىم ھەققىدە تىل قانداق ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى...

ئۆمەر ۋە خالىد.... بەزى ـ بەزى ئارىلىرىدا سوغۇقچىلىق بولۇپ تۇرىسىمۇ، ئۆمەرنىڭ خالىد ھەققىدە چىقارغان قارارىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوقتى. چۈنكى ئادالىتى، ئىخلاسى، پاكلىقى بىلەن شۆھرەت تاپقان بىر كىشى بولغان ئۆمەرنىڭ خالىد ھەققىدە ناھەق قارار چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۆمەر خالىد ھەققىدە يامان نىيەتتە بولمىغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ مەقستى خالىدنىڭ ئاچچىقىنى ۋە قىلىچىنى تىزگىنلەش ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر بۇ مەسىلىنى مالىك ئىبنى نوۋىرەنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىدىن كېيىن خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئېيتقانىدى ۋە:

«خالىدنىڭ قىلىچىدا يەڭگىلتەكلىك، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە ئىتتىكلىك بار» دېگەنىدى.

خەلىپە ئەبۇبەكرى سىددىق:

«ئاللاھنىڭ كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە سوغارغان قىلىچىنى مەن ئەيىپلىيەلمەيمەن» دېگەندى.

ئۆمەر خالىدنىڭ ئۆزىدە يەڭگىللىك بار دېمەيتتى. خالىدنىڭ قىلىچىدا يەڭگىللىك بار دەيتتى. بۇ بولسا، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلىگەندە ئەدەپكە رىئايە قىلغانلىقىنى ھەتتاكى خالىدنى تەقدىرلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خالىد بۆشۈكتىن تۆشەككە قەدەر ئۇرۇش ئادىمى ئىدى.

مۇھىتى، يېتىشىشى، تەربىيىسى، ئىسلامدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھاياتى ئۇنى قورقماس بىر جەڭچى قىلغانىدى.

مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن مۆمىنلەرگە قارشى قوللانغان قىلىچىنى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇ ۋاقىتتىكى ئاچچىقى بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ رەھىمسىز ئۇراتتى.

باش تەرەپتە زىكىر قىلغان ۋەقە — خالىدنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆتكەن ئۈمىدى ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك.

مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ بىلەن سۆزلەشكەندە يا رەسۇلۇللاھ:

«بۇرۇن قىلغان يامان ئىشلىرىم ۋە باشقىلارنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقىم ئۈچۈن ماڭا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىسىڭىز» دېگەندى.

ئىسلام بۇرۇنقى گۇناھكارلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىسىمۇ، خالىد ھۇزۇرسىز ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغانىدى. قىلىچ خالىدتەك ئۇستا مەرگەننىڭ قولىدا بولغاندا ئۇنى تىزگىنلەش ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خالىد ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە خالىد پات ـ پات ئاگاھلاندۇرۇلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەزى ئەرەب قەبىلىلىرىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە «دىققەت قىل، سېنى جەڭچى ئەمەس پەقەت دەۋەتچى قىلىپ ئەۋەتتىم» دېگەندى.

ئەمما خالىدنىڭ قىلىچى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كېلىپ ئۇرۇشقا كىرگەندى...

بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىگە قاراپ:

ئاللاھىم خالىدنىڭ قىلغان ئىشىدىن ساڭا سىغىنىمەن، ئۇنى ئەپۇ قىلغايسەن دېگەندى.

كېيىن ئەلنى ئەۋتىپ ئۆلارنىڭ ماللىرىنىڭ، قانلىرىنىڭ تۆلىمىنى تۆلىگەنىدى. بۇ ۋەقە ھەققىدە يەنە مۇنداق رىۋايەتمۇ بار: خالىد بۇ ئىشنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھوزاپە ئەسسەھەمىنىڭ رەسۇلۇللاھ ئۇلار مۇسۇلمان بولمىسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا يۇرۇش قىل دېگەن سۆزىگە ئاساسەن قىلغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئۇزرە ئېيتقان ئىدى.

خالىد ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئەڭ ياخشى ئىجرا قىلىشقا تىرىشاتتى...

بىر چاغلاردا ھۆرمەت قىلغان كونا نەرسىلەردىن كېيىن ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشنى بىلگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «ئوززا» ناملىق بۇتنى يىقىتىشقا ئەۋەتكەندە ئوخشاش مەخسەت ۋە ئىرادە بىلەن بارغانىدى.

يالغۇز ئۆزى بىر قوشۇنغا ئوخشايتتى. ئوڭ تەرەپتىكى، سول تەرەپتىكى ۋە ئاستىدىكى بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى. يەنە مۇنداق دەيتتى:

ئى ئوززا ئەمدى سېنى ئۇلۇغلىمايمەن، ئالالاھنىڭ سېنى خار قىلغانلىقىنى كۆرىۋاتىمەن.

كېيىن ئۇنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرگەنىدى...!!

ئەمدى خالىدنىڭ نەزىرىدە شىرىكنىڭ ئالامىتى بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى يوقتى. ئوززا بوتىغا ئوخشاش يوق قىلىنىشى لازىم ئىدى.

ئۇنىڭچە بۇنىڭ بىردىنبىر يولى قىلىچ ئىدى.

يەنە: «سېنى ئەمدى ئۇلۇغلىمايمەن، ئالالاھنىڭ سېنى خارلىغانلىقىنى كۆرىۋاتىمەن» دەيتتى.

...

بىز خالىدنىڭ قىلىچىنىڭ بۇنداق كەسكىن بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىشتا مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى ھەزرىتى ئۆمەر بىلەن ئوخشاش پىكىردە، يەنە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە:

«ئانىلار خالىدقا ئوخشاش بالا تۇغۇشتىن ئاجىز قالدى» دېگەن سۆزىگە چىن دىلىمىزدىن قوشۇلىمىز.

خالىد ۋاپات بولغان كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر كۆپ يىغلىدى. ئەمما ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنى قوماندانلىقتىن ئېلىۋاتقانلىق سەۋەبتىن، پىتنە تۈگىگەندىن كېيىن ئەمرلىكنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزمەكچى ئىكەنلىكىدىن ئىدى. خەلىپە ئۆمەر بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمىدى. چۈنكى خالىد ئالالاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ جەننەتتىكى ئورنىغا نائىل بولغانىدى.

بىر ئاز ئارام ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆمرى ئۇرۇش ۋە كۈرەش بىلەن ئۆتكەنىدى. ئىستىراھەت دېگەن نېمە ئۇنى كۆرمىگەنىدى.

ئەمدى ئۇلۇغ جەسەت بىر ئاز بولسىمۇ ئۇخلىيالىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ دوست ـ دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ ھەققىدە:

«ئۆزىمۇ ئۇخلىمايدىغان باشقىلارنىمۇ ئۇخلاتمايدىغان ئادەم» دەيتتى.

ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالادىن ئۆمرىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلىپ ئۇزۇن يىللار شېرىكنى يوقىتىپ ئىسلام ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلاتتى.

ھاياتىدا ئەڭ سۆيگەن نەرسىسى ئاللاھ يولىدا جىھاد ئىدى.

ئۇ:

«ئاللاھ يولىدا جىھادقا چىققان بىر كېچە مېنىڭ ئۈچۈن بىر توي كېچىسىدىن ۋە يا بىر ئوغۇلنىڭ توغۇلىدىغانلىقى بىلەن بىشارەت بېرىلىشىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر» دەيتتى.

بۇنىڭ ئەڭ قورقىدىغان نەرسىسى ياتىقىدا يېتىپ ئۆلۈپ كېتىش ئىدى.

ھاياتىنى ئات ئۈستىدە، قىلىچ ئاستىدا ئۆتكۈزگەن بىر ئىنسان ئۈچۈن ياتىقىدا جان بېرىشتىن ئاچچىق بىر نەرسە بولمىسا كېرەك.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلدى. مۇرتەدلىك ھەرىكىتىگە قوشۇلغانلارغا غەزەبلەندى. فارس ۋە روملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئىراق بىلەن روملارنى ئىسلام ئۈچۈن فەتھى قىلغانغا قەدەر قەدەممۇ قەدەم كىزىپ چىققانىدى.

بۇنداق بىر قەھرىمان ئۈچۈن ياتىقىدا جان بېرىش ئەلۋەتتە ئاچچىق ئىدى.

بۇ چاغلاردا كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:

نۇرغۇن ۋەقەلەرگە قاتناشتىم. سانسىز كۈرەشلەردە بولدۇم.

ۋۇجۇدۇمدا قىلىچ، نەيزە، ئوق ئىزى يوق يەر قالمىدى. ئاخىرى ئەنە سىز كۆرگەندە تۆگىگە ئوخشاش ياتىقىمدا ئۆلىۋاتىمەن، قورقۇنچاقلىقلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچۇق بولسۇن...!!

بۇلار پەقەت مۇشۇنداق بىر قەھرىماننىڭ سۆزلىيەلەيدىغان سۆزلىرى ئىدى.

نەپەس ئۈزۈشتىن بۇرۇن ۋەسىيىتىنى يازدۇردى:

كىمگە ۋەسىيەت قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز...؟؟

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپقا:

قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز...؟؟

ئېتى ۋە قورالى..!!

ئۇندىن باشقا..؟؟؟

ھېچنەرسە يوق. چۈنكى بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئۆز ئىلكىدە بىر نەرسىسى يوقتى.

چۈنكى ئۇ ساق ۋاقتىدا دۇنيا ۋە مال ئۈچۈن مەشغۇل بولمىغانىدى. پەقەت ھەقنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى زەپەر ۋە غەلىبە قىلىش بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەنىدى.

دۇنيادا مالغا ئەسلا ھېرىس بولمىغانىدى. پەقەت «يەرمۇك» ئۇرۇشىدا قولىدىن كەتكەن «قالپىقى» ئۈچۈن كۆپ پەرىشان بولغانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلىگەنلەرگە ئۇ قالپاقنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھنىڭ بىر قانچە چېچى بولۇپ، ئۇنى تەبەررۈك بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن غەلىبە قىلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم، دەيتتى.

ئاخىرى قەھرىماننىڭ جەسىتى ساھابىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۆيىدىن چىقتى. ئانىسى ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى بىلەن:

ئىنسانلارنىڭ يۈزلىرى، رەڭگى ئۆزگەرگەندە سەن بىر مىليۇن خەلقتىنمۇ ياخشى، جەسۇرمۇ؟ سەن ئۇغلانلارنى قوغدايدىغان شىرلاردىنمۇ جەسۇرسەن، سەن سېخىمۇ؟ سەن تاغلارنىڭ ئارىسىدا ئاققان سەلدىنمۇ سېخى، دېگەن ئىدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئۆمەر: «توغرا ئېيتتىڭ» ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى، دېدى.

قەھرىمان قەۋرىگە قويۇلدى. ھەر تەرەپ جىمجىت ئىدى. دوستلىرى باش ئېگىپ ئەتراپتا تۇرۇشاتتى. بۇ جىمجىتلىقنى (تەسەۋۋۇر قىلىشمىزچە) مەدىنە ئەتراپىدا ئىزنى پۇراپ، ئىگىسىنىڭ جەسىتى ئارقىسىدىن مەدىنە كوچىلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن چېپىپ كەلگەن بىر ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى بۇزدى.

ئات چېپىپ كەلدى. قەۋرە يېنىدا بايراقتا ئوخشاش بېشى بىلەن كىشنەپ ئىشارەت قىلدى. خۇددى ئۈستىدە ئىگىسى باردەك... يېڭى زەپەر ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدىغاندەك، ئىگىسىگە، قەھرىمانغا سالاملام بېرەتتى.

ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشاتتى.

ئىگىسىنى روم ۋە فارسلارنىڭ تەختىنى يىققاندا، بۇتپەرەسلىك ۋە ئازغۇنلۇقنى بەربات قىلغاندا، خۇراپاتلىق ۋە شىرىكنىڭ پۈتۈن كۈچلىرىنى ئىسلام يولى بىلەن يوق قىلغاندا، خۇددى ئىگىسى ئۈستىدە ۋاقتىدىكىدەك كىشنىدى.

كېيىن بىر ئاز ئارام تاپتى. بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرىدىن ياش تۆكەتتى.

بۇ ئات خالىد بىلەن بىرلىكتە قانچىلىغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقانىدى. قانچىلىغان غەلىبىلەرگە ئېرىشكەنىدى. خالىد بۇ ئاتنى قورالى بىلەن بىرگە ئاللاھ يولىدا ۋەخپە قىلغانىدى.

ئەمما خالىدنىڭ كېيىن يېڭى زەپەرگە ئېرىشىشتىن بىرسى چىقىشى مۇمكىنمۇ.؟

ئى مۇزەپپەر قەھرىمان.

ئى قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ نۇرى.

سەن قوشۇنلىرىڭ بىلەن زەپەردىن - زەپەرگە ئاتلىناتتىڭ.

«ئەتىگەن بولغانىغاندا كېچىگە ھەمدۇ ئېيتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىڭگە جاسارەت بېرەتتىڭ.

بۇ سەن ئۆچۈن بىر ماقال - تەمسىل بولدى.

ئەمدى بولسا سەن سەپىرىڭنى تاماملىدىڭ.

ئى ئەبۇ سولايمان، سېنىڭ ئەتىگەنلىكىڭ ھەمدۇ شۈكۈردۇر..!!

سىزنى خاتىرىلەشتە شەرەپ، گۈزەللىك ۋە ئەبەدىيلىك بار ئى خالىد.

بىزگە مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سىز بىلەن ۋىدالاشقان ۋاقتىدىكى مەرسىيە سۆزىنى تەكرارلاشقا رۇخسەت قىلغايسىز.

ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلغاي، ئى ئەبۇ سۇلايمان.

ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىزدە بولغان نەرسىدىن ياخشىراقى يوقتۇر. ھەمدى ئېيتىپ ياشىدى.

بەختلىك بولۇپ ۋاپات بولدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلجېلىل مۇھەممەد ئابدۇللاھ